شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 11 ـ ئاي
23
شەنبە
维吾尔文 11 月23日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24888 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

# شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ باش لىدىرى، 2019 ـ يىللىق «يېڭىلىق يارىتىشچان ئىقتىساد مۇنبىرى»غا قاتناشقان چەت ئەل تەرەپ ۋەكىللىرى ۋە ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى كىسسىنگىر بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر بەي جيې) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى خەلق سارىيىدا خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ باش لىدىرى گېئورگىيېۋا بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ گېئورگىيېۋا خانىمنىڭ خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ باش لىدىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇنجى قېتىم جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى قارشى ئالدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى:

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە

ـــ يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

# ئادەم ئاياغ باسمىغان جاي چوڭقۇر تاغ ئىچىدىن يول ئېچىش

## ـــ گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى ئالتۇنتاغ تونېلى قۇرۇلۇشچىلىرى توغرىسىدا خاتىرە

□ مۇخبىرىمىز لۇ فېڭباۋ

ئالتۇنتاغ ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، يول خەتەرلىك، كىلىماتى ناچار، ئادەم ئاياغ باسمىغان. شىنجاڭدىن چىققىدىغان يېڭى تۆمۈريول ئۆتۈشمە يولىنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1000دىن ئارتۇق تۆمۈريول قۇرۇلۇشچىسى ئۈچ يىل ئالتە ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، گولمۇدتىن كورلىغىچە بولغان تۆمۈر يولدىكى ئالتۇنتاغ تونېلىنى ئۆتۈشلۈق تۇتاشتۇرۇپ، ئادەمسىز رايوندا ھەيۋەتلىك كۆرەش مارشىنى پۈتتى.

■ نەچچە يۈز ئادەم كەتتى، لېكىن تېخىمۇ كۆپ ئادەم قېپقالدى

چاقىلىق كىروران ئايرودرومىدىن چىقىپ، شەرقىي جەنۇب تەرەپكە ئاپتوموبىل بىلەن تۆت سائەتكە يېقىن يول يۈرۈپ، جۇڭگو تۆمۈريول تونېلى ئىدارىسى گۇرۇھ چەكلىك شىركىتى گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى شىنجاڭ S6 بۆلىكى تۈر دىرېكتور بۆلۈمگە كەلدۇق. 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، مۇخبىر ئاپتوموبىلدىن چۈشۈشى بىلەنلا، سوغۇق شامال يۈزىگە ئۇرۇلۇپ، ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى.

«بۇ يەردە شامال كۆپ چىقىدۇ، شامال ئەتىيازدىن قىشقىچە توختىماي چىقىدۇ، شامال چىقسىلا ناھايىتى سوغۇق بولۇپ كېتىدۇ» دېدى S6 بۆلىكىنىڭ باش ئىنژېنېرى ۋاڭ گۇاڭكې.

ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 73.694 كىلومېتىر كېلىدىغان S6 بۆلىكى ئالتۇنتاغنىڭ ئېگىز رىسىدە بولۇپ، بۇ جاينىڭ قىش پەسلى توققۇز ئايغا سوزۇلىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 2.5 سېلسىيە گرادۇس.

ۋاڭ گۇاڭكې مۇنداق دېدى: تېخنىك خادىملار دالىدا ئۆلچەش ئېلىپ بارغاندا، چايدانى ئاچسا، ئىچىدىكى سۇ ئاللىقاچان بىر قەۋەت مۇز تۇتۇپ بولىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشقا كېرەكلىك ماددىي ئەشيالارنىڭ بەزىلىرىنى 650 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كورلا شەھىرى ۋە 1100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۇرۇمچى شەھىرىدىن سېتىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ، ھەتتا تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان سۇ ۋە ئازراق كۆكتات سېتىۋېلىشقىمۇ 100 كىلومېتىرغا يېقىن يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ چەت ئەلنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى تاپشۇرغان دۆلەت خېتىنى قوبۇل قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن خەلق سارىيىدا 19 دۆلەتنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى تاپشۇرغان دۆلەت خېتىنى قوبۇل قىلدى.

خەلق سارىيىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى سىرتىدا، ھۆرمەت قاراۋۇللىرى رەتلىك تىزىلغانىدى، كاناپچى مېھمان كۈتۈۋېلىش بۇرغىسىنى چالدى. ئەلچىلەر كەينى ـ كەينىدىن يېتىپ كېلىپ، قىزىل پاياندازنى بويلاپ پەلەمپەيدىن چىقىپ، بېيجىڭ سارىيىغا كىرىپ، تەرتىپ بويىچە شى جىنپىڭغا دۆلەت خېتىنى تاپشۇردى. ئۇلار: لاتۋىيە باش ئەلچىسى مانىكا، بىرما باش ئەلچىسى مياۋ دەنپېي، گوللاندىيە باش ئەلچىسى خې ۋېيمېن، ئىيوردانىيە باش ئەلچىسى ھۈسەينى، سلوۋېنىيە باش ئەلچىسى سۇ لەن، كانادا باش ئەلچىسى بارتون، بۇركىنافاسو باش ئەلچىسى كومپاۋرې، لائوس باش ئەلچىسى كامپو، بىرۇنېي باش ئەلچىسى راخمانى، ۋېيېتنام باش ئەلچىسى فەن شىڭپېي، كوستارىكا باش ئەلچىسى دېلگادو، باڭلادېش باش ئەلچىسى زامان، رىۋاندا باش ئەلچىسى كىمونئو، تايلاند باش ئەلچىسى ئاتايۇ، مىسىر باش ئەلچىسى بادرى، پاناما باش ئەلچىسى گانلىن، سىنگاپور باش ئەلچىسى لۇ دېياۋ، قازاقىستان باش ئەلچىسى قويشىبايېۋ، كۇبا باش ئەلچىسى پېرېيرا.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ۋە قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىگە ئالاقىدار خىزمەتلەر تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

# ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ 4 ـ ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۈك، ۋاڭ شىگرۈي خەۋەر قىلىدۇ:** 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 11 ـ قېتىملىق ئۇچرىشىشىدا قىلغان بىر قاتار مۇھىم سۆزىنىڭ روھى، ئۇمىد قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا يوللىغان مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى قاتارلىقلارنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى ۋە قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىگە ئالاقىدار خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەڭ يېڭى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم ماقالىلىرىنى ۋاقتىدا يېتىشىپ ئۆگىنىپ، تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىش، قانۇنىيىتىنى ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى، روھىي ماھىيىتى ۋە ئەمەلىيەت تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، قەلبلەرگە سىڭدۈرۈشكە، پۇختا بولۇشقا سىجىل تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ 2 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە ئالاقىدار ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئۆلچەمنى تۆۋەنلەتمەسلىك، غەيرەتنى كېمەيتمەسلىك، خىزمەتنى بوشاشتۇرماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ، تېخىمۇ قاتتىق ئۆلچەم بىلەن باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر، ياخشى قانات يايدۇرۇش كېرەك. سۈبىيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم (پارتگۇرۇپپا)لار ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ئالغا سىلجىتىپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى):

# ياش ئوقۇتقۇچىلار ئەمەلىي مەشىق بازىسى بىر ئىشتا قوش پايدا ئېلىپ، ئۈنۈمى ياخشى بولدى

**گېزىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋىرى** «يەكەن ناھىيەسىدىكى ‹ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىلار ئەمەلىي مەشىق بازىسى› پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، كۆپ نەپكە ئېرىشتىم، ساپايىم ۋە ئىقتىدارىمنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشۈمگە زور ياردىمى بولدى» دېدى 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) پارتىيە تارىخى، پارتىيە قۇرۇلۇشى ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىسى جاۋ لىنا.

باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) تەكشۈرۈپ ـ كۆزدىتىلگەن مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تەكشۈرۈپ ـ كۆزدىتىلگەن ياش ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈشتە ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ۋە ۋاستە كەمچىل بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاساسىي قاتلام پارتىيە مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچى كەمچىل بولۇش، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى يۇقىرى سەۋىيەلىك ئۆگىنىش، تەربىيەلەشكە جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇش ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ تۈزىتىشنى ئالغا سىلجىتتى. بۇ يىل 10 ـ ئايدا،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

«ئارخېئولوگىيەلىك جۇڭگو»دا يېقىنقى مەزگىلدىكى قەدىمكى يىپەك يولى بويىدىكى مۇھىم ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار ئېلان قىلىندى

# لوپنۇر قىياق قۇدۇق تۇر خارابىسىدىن نۇرغۇن ھۆججەت ـ ئالاقە، ياغاچ پۈتۈك قاتارلىقلار قېزىۋېلىندى

مۇخبىرىمىز جاڭ يىڭچۈننىڭ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىن ئىگىلىشىچە، 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى بېيجىڭدا «ئارخېئولوگىيەلىك جۇڭگو» مۇھىم، زور تەتقىقات تۈرلىرىنىڭ يېڭى ئىلگىرىلەش خىزمىتى يىغىنىنى ئېچىپ، شىنجاڭ لوپنۇر قىياق قۇدۇق تۇر خارابىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېقىنقى مەزگىلدىكى قەدىمكى يىپەك يولى بويىدىكى تۆت تۈرلۈك مۇھىم ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشنى تونۇشتۇرغان.

قىياق قۇدۇق تۇر خارابىسى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ لوپنۇر ناھىيەسى چېگراسى ئىچىدىكى چۆللۈك بەلباغقا جايلاشقان بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى بولغان كۆنچى دەرياسى تۇر توپىدىكى بىر تۇر ھېسابلىنىدۇ. كۆنچى دەرياسى تۇر توپىدا جەمئىي 11 تۇر بولۇپ، كۆنچى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىنى بويلاپ، شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىدە كورلا شەھىرىدىن يېڭىەن قەدىمىي شەھەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 150 كىلومېتىر كېلىدىغان دائىرىگە تارقالغان. دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، بۇ يىل شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى قىياق قۇدۇق تۇر خارابىسىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىپ، مۇھىم ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشنى قولغا كەلتۈردى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)



كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش

11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئىشچىلار شىنجاڭ دامولۇيجوۋ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ سېخىدا خىزمەت قىلماقتا. بۇ شىركەت مارالبېشى ناھىيەسى سانائەت باغچە رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، لوپنۇر كەندىرى چېيىنى پىششىقلاشنى ئاساس قىلىدۇ، مەھسۇلاتى بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلارغا سېتىلىدۇ.

نۆۋەتتە، بۇ شىركەت 50 نەچچە نامرات ئاھالىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

□ مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجاد فوتوسى

# شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى شياۋ ۋېنجياۋ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى بولۇپ سايلاندى

مۇخبىرىمىز شىي خۇيبىيەن خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، 2019 ـ يىلى يېڭىدىن سايلانغان جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكلار تىزىملىكى ئېلان قىلىندى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تەتقىقاتچى شياۋ ۋېنجياۋ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى گېئولوگىيە بۆلۈمىنىڭ ئاكادېمىكى بولۇپ سايلاندى.

شياۋ ۋېنجياۋ ئۇزاقتىن بۇيان چۆكمە گېئوتېكتونىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، تاغ ھاسىل بولۇش ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ كېڭىيىشى مېخانىزمىنىڭ خەلقئارا ئالدىنقى سېپىنى نىشانلاپ، تاغ ھاسىل بولۇش بەلبېغىنىڭ قۇرۇلمىسى ھەم ۋاقىت چېكى، تاغ ھاسىل بولۇش ئۇسۇلى ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ كېڭىيىشى مېخانىزمى قاتارلىق ئاچقۇچلۇق پەن مەسىلىلىرىنى چۆرىدەپ، جۇڭگونىڭ شىمالى ھەم قوشنا رايونلاردىكى چۆل، تاغلىق رايونلىرىدا سىستېمىلىق تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تاغ ھاسىل بولۇش بەلبېغىنىڭ قۇرۇلما تۈزۈلۈشى ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ كېڭىيىشى مېخانىزمى قاتارلىق ساھەلەردە سىستېمىلىق يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك دىققىتىنى تارتقان ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# ئىز يوق يەردىن مۇھەببەتنى كۆرگىلى بولىدۇ

سۆز ھەممىگە

□ يۆ يەنيۈن

گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى ئالتۇنتاغ تونېلى يېقىندا تۇتاشتۇرۇلدى، كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، 1000دىن ئارتۇق ئادەم ئۈچ يىل ئالتە ئاي ياسىغان بۇ چوڭ قۇرۇلۇش تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تونېلدىن باشقا، قۇرۇلۇشتىن ھېچقانداق ئىز قالمىغان. بىز مۇشۇنداق ئىزسىز قۇرۇلۇش قىلىشنى ئالقىشلايمىز، بۇنىڭدىن بىز ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىكى كۈچلۈك بۇرچ تۇيغۇسىنى ھېس قىلدۇق.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)